# 97599 ـ باھانى كونترول قىلىش ئۈچۈن بازارغا سېلىنغان ماللارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىش توغرىسىدا

**سۇئال**

بىزنىڭ يېنىمىزدا تىجارەت قىلىدىغان بەزى كىشىلەر بازاردا مەلۇم بىر مالنىڭ باھاسى ياخشىلانسا، بازاردىكى شۇ خىلدىكى ماللارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالىدۇ، شۇ ئارقىلىق باھانى كونترول قىلىپ باھاسىنى ئاشۇرۇپ ساتىدۇ، بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟بۇ شەكىلدە كەسىپ قىلىش ھالالمۇ ياكى ھارامىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئالللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلار ئېھتىياجلىق بولىدىغان زۆرۈر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بازاردىن سېتىۋېلىپ بازارنى كونترول قىلىپ، مال باھاسىنى ئۆستۈرۈپ مۇسۇلمانلارغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلىش توغرا بولمايدۇ، بۇ شەرىئەت چەكلىگەن بېسىمدارلىقدۇر. بۇنداق قىلىدىغانلارنى توسۇش ۋە چەكلىمە قويۇش كېرەك. ئەگەر ئىش سوئالدا بايان قىلىنغاندەك بولسا، بازار باھاسىنى كونترول قىلىش نامى بىلەن كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىش توغرا بولمايدۇ. شەھەر باشقۇرغۇچىلار بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك، ئەمما بۇ نەرسىلەر ئومۇمى كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولمايدىغان پەقەت ئېھتىياجدىن تاشقىرى نەرسە بولسا ياكى بۇ باشقا بازاردا ۋە باشقا دۇكانلاردا قىينالماستىن تېپىلىدىغان نەرسىلەردىن بولسا، بۇ چەكلەنمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ھەرقانداق ھالەتتە كىشىلەرگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىش توغرا بولمايدۇ".

["شەيخ سالىھ پەۋزان پەتىۋالىرىدىن تاللانما" 3-توم 60-بەت].